## 2195 ـ يېڭى مۇسۇلمان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىركى ئۆتۈپ كەتكەن ئىسلامى مەسئۇلىيەتلەرنى(پەرزلەرنى)تولۇقلىمايدۇ .

### سۇئال

بىر ئادەم ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۇ 40 ياشتا. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نامازلىرىنى تولۇقلىشى لازىممۇ ؟بىر ئادەم ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۇ 40 ياشتا. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نامازلىرىنى تولۇقلىشى لازىممۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچى كاپىرلىق مەزگىللىرىدە ئۆتۈپ كەتكەن نامازلار ،روزا ، زاكاتنى تولۇقلىمايدۇ ، ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك :

(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئ�تكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ..

[ غەنىمەتلەر : 38 ]

ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)مۇنۇ سۆزى بار : ئىسلام ئىلگىركى كىلىنگەن نەرسىلەرنى بىكار قىلىدۇ .( مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 121 ) ، شۇنىڭدەك ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ھىچقايسىسىنى ئىلگىرى كاپىرلىق مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزۋەتكەن ئىسلام قائىدە ـ يۇسۇنلىرىنى تولۇقلاشقا بۇيرىمىغان ، ھەمدە ئىسلام ئالىملىرى بۇ ھەقتە بىردەك .

دائىمىي كومىتىت فەتىۋالىرىدىن (6400 ).